16 ـ قىسىم

# مەسىھ رەقىبى

(ئەيسا مەسىھكە قارشى چىققۇچى يامان روھ بولۇپ، بەزى ماتېرىياللاردا
دەججال دەپمۇ ئاتىلىدۇ)

## شەيتان توغرىسىدىكى خاتىرىلەر

• شەيتان نۇرلۇق پەرىشتىنىڭ سىياقىغا كىرۋالىدۇ، ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىمۇ دىيانەتلىك قىياپەتكە كىرۋالىدۇ. (كورىنتلىقلارII 15،11:14)

• شەيتان دۇنيادىكى ئادەملەرنى ئازدۇرىدۇ. ئۇ ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەن پەرىشتىلەر ئاسماندىن يەرگە تاشلىنىدۇ. (ۋەھىيلەر 12:9)

• شەيتاننىڭ روھى ساختا پەيغەمبەرنىڭ ئاغزىدىن چىقىپ، ئاجايىپ مۆجىزىلەرنى كۆرسىتىدۇ. (ۋەھىيلەر 14،16:13)

• شەيتان شەخسى ھەۋىسگە بېرىلىدۇ، ئادەم ئۆلتۈرىدۇ، ھەقىقەتتە تۇرمايدۇ. (يۇھاننا 8:44)

• (ئەيسا مەسىھكە) ئىشەنمىگەنلەرنىڭ قەلب كۆزىنى ئەسلىدە بۇ دۇنيانىڭ «ئىلاھى» (شەيتان) كور قىلىپ قويغان بولۇپ، بۇ ئارقىلىق ئۇلارنى خۇدانىڭ ئوبرازى بولغان ئەيسا مەسىھ توغرىسىدىكى خۇش خەۋەرنىڭ پارلاق نۇرىنى كۆرۈشتىن توسايدۇ. (كورىنتلىقلارII 4:4)

## ساختا پەيغەمبەر توغرىسىدىكى خاتىرىلەر

• نۇرغۇن ساختا پەيغەمبەرلەر بارلىققا كېلىپ، ئىنسانلارنى ئازدۇرىدۇ. (مەتتا 24،24:11)

• ساختا ئۇستازلار ئادەملەرنى ھالاكەتكە يۈزلەندۈرىدىغان بىدئەت تەلىملەرنى تارقىتىدۇ. (پېتروسII 2:1)

• يامانلىق قىلغۇچى ۋە ئازدۇرغۇچى بارغانسىرى رەزىللىشىپ كېتىدۇ. ئۇ باشقىلارنى ئازدۇرىدۇ، ئۆزىمۇ باشقىلار تەرىپىدىن ئالدىنىدۇ. (تىموتىII 3:13)

• مەسىھىيلەر ساختا پەيغەمبەرلەردىن ھەزەر ئەيلەش كېرەك. ئۇلارنىڭ بەرگەن مېۋىسىدىن ئۇلارنى تونۇۋالغىلى بولىدۇ. يامان دەرەخ ياخشى مېۋە بېرەلمەيدۇ. (مەتتا 20ـ7:15)

• مۇقەددەس روھنىڭ تەسىرلەندۈرۈشى بولمىغان ئادەم، ئەيسا مەسىھنى رەببىم دەپ چاقىرالمايدۇ. (كورىنتلىقلارI 12:3)

• خۇدا ئەيسا مەسىھ توغرۇلۇق ئۆزى گۇۋاھلىق بەرگەن. شۇڭا، ئەيسا مەسىھكە

ئىشەنگەن كىشى خۇدانىڭ گۇۋاھلىقىنى قوبۇل قىلغان بولىدۇ. ئۇنىڭغا ئىشەنمىگەن كىشى خۇدانىڭ گۇۋاھلىقىغىمۇ ئىشەنمىگەن ۋە خۇدانى يالغانچىغا چىقارغان بولىدۇ. (يۇھاننا I 5:10)

## ئەيسا مەسىھنىڭ رەقىبى (دەججال) غا دائىر خاتىرلەر

● ئۇ ئەيسانىڭ قۇتقۇزغۇچى مەسىھ ئىكەنلىكىنى رەت قىلىدۇ. ئاتا بىلەن ئوغۇلنى ئىنكار قىلىدۇ، يەنى ئەيسا مەسىھنىڭ «خۇدانىڭ ئوغلى» دىگەن مۇقەددەس نامىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. (يۇھاننا I 2:22 ، 4:3)

● ئۇ ئەيسا مەسىھنىڭ ماھىيىتىنىڭ خۇدانىڭ سۆزىنىڭ ئىنسان تىنىغا ئايلىنىپ كىلىشى ئىكەنلىكىنى رەت قىلىدۇ. (يۇھاننا II 7)

● مەسىھ رەقىبى ئەيسا مەسىھكە قارشى چىقىپ، ئۆزىنى يوقىرى كۆتىرىدۇ. ئاتالمىش ئىلاھلارنى ۋە ئادەملەر چوقۇنىدىغان بارلىق بۇتلارنى بېسىپ چۈشىدۇ. ھەتتا خۇدانىڭ مۇقەددەس ئىبادەتخانىسىدا ئولتۇرۇۋىلىپ، ئۆزىنى خۇدا دەپ ئاتايدۇ. (سالونىكالىقلار II 2:4)

○ مىلادى 691- يىللىرى، مۇسۇلمانلار يېرۇسالىمدىكى يەھۇدىيلارنىڭ «مۇقەددەس ئىبادەتخانا» خارابىلىكىنىڭ ئۈستىگە «ئۆمەر مەسچىتى» نى سالىدۇ. يەھۇدىيلارنىڭ نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان ئېتىقات قىلىپ كىلىۋاتقان خۇداسى «يەھۋا» نىڭ ئورنىغا «ئاللا»ئالمىشىدۇ. تەۋرات، زەبۇر، ئىنجىل ۋە باشقا قەدىمقى پەيغەمبەرلەرنىڭ كىتاپلىرىدا خۇدانىڭ خاس ئىسمى «يەھۋا» بولۇپ، مەنىسى «مەڭگۈ بار بولغۇچى» دۇر. خۇدا ھەتتا ئۆزى بىۋاستە مۇسا پەيغەمبەرگە: «مەن ئەجدادىڭ ئىبراھىم، ئىسھاق ۋە ياقۇپنىڭ خۇداسى يەھۋا بولىمەن، بۇ مىنىڭ مەڭگۈلۈك نامىم، ئەۋلادتىن ئەۋلاتقىچە مۇشۇ نام بىلەن ياد ئېتىلىمەن» - دەپ جاكارلىغان. ھالبۇكى «ئاللا» دىگەن نام تەۋرات، زەبۇر، ئىنجىل قاتارلىق قەدىمقى مۇقەددەس كىتاپلاردا ئۇچرىمايدۇ. گەرچە مۇقەددەس كىتاپلاردا «ئىلاھ» دىگەن سۆز بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئادەتتىكى ئاتالغۇ بولۇپ، خۇدانىڭ خاس نامى ئەمەس. «ئاللا» دىگەن ئاتالغۇ ئەمىلىيەتتە «ئەل+ئىلاھ» دىگەن ئەرەپچە سۆز بىرىكمىسىدىن كەلگەن بولۇپ، مەنىسى «بۇ ئىلاھ» دىگەنلىكتۇر. ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنلا ئەرەپلەر ئۆزلىرىنىڭ ئىلاھلىرىنى «ئاللا» دەپ ئاتاپ كەلگەن. مەسىلەن مۇھەممەتنىڭ دادىسىنىڭ ئىسمى «ئابدۇللاھ» بولۇپ، مەنىسى «ئاللانىڭ قۇلى» دىگەنلىكتۇر. لىكىن ھەممىگە ئايانكى، مۇھەممەتنىڭ دادىسى مۇسۇلمان ئەمەس ئىدى، چۈنكى ئۇنىڭ دەۋرىدە ئىسلام دىنى تېخى بارلىققا كەلمىگەن.

## زامان ئاخىرىدىكى چوڭ بالايى-ئاپەت

- شەيتانىنىڭ (ۋەھىلەر 12:3،7،8) ۋەكىلى ئىككى مەخلۇق بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرى مەسىھنىڭ رەقىبى (روھ)، يەنە بىرى ساختا پەيغەمبەردۇر (ئادەم). (ۋەھىلەر 13)

- دانىئال پەيغەمبەر ئالدىن بىشارەت قىلغان 4-مەخلۇق (دانىئال7)، مەسىھ رەقىبىنىڭ پادىشاھلىقىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. (ۋەھىلەر 17-17:7)

- ئۇ دۇنيانىڭ سىياسى، ئىقتىسادى ۋە دىنى داھىسى بولىۋالىدۇ. چوقۇنغۇچىلىرىنىڭ ئوڭ قولى ۋە پىشانىسىگە بەلگە ئۇرۇپ قويىدۇ (ۋەھىلەر 13:6)؛ چوقۇنمىغانلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بولىدۇ. (ۋەھىلەر 13:15)

- خۇدانىڭ مۇقەددەس خەلقىگە زۇلۇم سالىدۇ. (دانىئال 7:25)

- كالىندار ۋە قانۇننى ئۆزگەرتىدۇ. (دانىئال 7:25)

- ئۆزىگە چوقۇنماي، ئەيسا مەسىھكە گۇۋاھلىق بەرگەنلەرنى ئۆلتۈرىدۇ. (ۋەھىلەر 20:4)

## ئىسلام دىنى

- يوقۇرقىلارغا ئاساسلانغاندا ، ئىسلام دىنىنى خۇدادىن ئەمەس، بەلكى ئەيسا مەسىھنىڭ رەقىبىدىن كەلگەن دەپ قاراشقا بولىدۇ.
  - ئەسكەرتىش: مەسىھنىڭ رەقىبى نۇرغۇن بولۇپ (يۇھاننا I 2:18 ، 4:3)، ئىسلام دىنىدىن باشقا يەنە، مورمون دىنى، يەھۋا گۇۋاھچىلىرى، خىرىستىيان ئىلمىيەن جەمئىيىتى قاتارلىقلارمۇ بار.

- مۇھەممەتكە «ۋەھى» ئېلىپ كەلگەن روھ خۇدانىڭ مۇقەددەس روھى ئەمەس، بەلكى مەسىھكە قارشى روھ بولۇپ، شەيتاندىن كەلگەن.

- مۇھەممەت بولسا ساختا پەيغەمبەر ۋە يالغان ئۇستازدۇر.

زامان ئاخىرىدا بولىدىغان چوڭ بالايى-ئاپەت ئىسلام دىنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، تۆۋەندىكىسى شۇنداق ئېھتىماللىقى بار بولغان بىر خىل تەھلىلدۇر. بۇ تەھلىلگە ئاساسلانغاندا، زامان ئاخىرىدا بولىدىغان ئىشلارنىڭ تەرتىپى مۇنداق بولىدۇ: (ۋەھىلەر 20-14:6)

- ئاگاھلاندۇرۇش دەۋرى. (ۋەھىلەر 14:6،7)
  - دۆلەتلەر ۋە مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش-جەڭلەر كۆپىيىشكە باشلايدۇ. (مەتتا 24:6)

○ نۇرغۇن يەرلەردە ئاچارچىلىق، ۋابا ۋە يەر تەۋرەشلەر يۈز بېرىدۇ. (مەتتا 24:6،7)

○ بۇلار بالايى-ئاپەتنىڭ باشلىنىشى بولۇپ (مەتتا 24:8)، ئۇلار يەرشارىنىڭ ھەممىلا يېرىدە ئەمەس، بەلكى بىر قىسىم جايلىرىدا يۈز بېرىدۇ (مەتتا 24:7)، خۇدا بۇ كىچىك جازالار بىلەن ئىنسانلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ، كەلگۈسىدە بولىدىغان قورقۇنۇچلۇق چوڭ سوراقنى سەمىگە سالىدۇ.

○ بۇ دەۋردە مەسىھىيلەر تىرىشىپ بارلىق مىللەتلەرگە خۇش خەۋەر تارقىتىشى، خۇدانى تونۇتىشى، ۋە بۇ ئارقىلىق خۇداغا شان-شەرەپ كەلتۈرۈشى كېرەك. (ۋەھىيلەر 14:6،7).

● بابىلۇن گۇمران بولىدۇ. (ۋەھىيلەر 14:8)

○ ئىنجىلنىڭ ۋەھىيلەر قىسمىدا دېيىلگەن بابىلۇن ۋە پاھىشە ئايال (ۋەھىيلەر 17،18)، كەلگۈسىدىكى دۇنياۋى خاراكتېرلىق بىر چوڭ دۆلەتنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ پۇل ۋە ئەخلاقسىزلىققا چوقۇنىدۇ (ۋەھىيلەر 17:2)، ئىدىيىسىنى دۇنياغا تارقىتىدۇ (ۋەھىيلەر 17:5 ، 18:3)، دۇنيادىكى ئەللەرنى ئېزىقتۇرىدۇ (ۋەھىيلەر 18:23)، دۇنياۋى دەرىجىلىك قۇدرەتلىك دۆلەت بولۇپ، پۈتۈن دۇنياغا تەسىر كۆرسىتىدۇ (ۋەھىيلەر 17:2،18)، نۇرغۇن ئەللەرنى كونترول قىلىۋالغان (ۋەھىيلەر 17:15)، سۇلارنىڭ ئۈستىدە تۇرىدۇ (ۋەھىيلەر 17:1)، مەخلۇققا مىنىۋالغان (ۋەھىيلەر 17:3،7)، ئون دۆلەتنى تىزگىنلىۋالغان بولۇپ، ئۇلارنى ئۆزىنىڭ قاتناش ئىشلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىدۇ (ۋەھىيلەر 17:16،17)، ئىنتايىن باي (ۋەھىيلەر 17:4)، سودىگەرلىرى يەر يۈزىدە ھۆرمەتكە ئىگە (ۋەھىيلەر 18:23)، پۈتۈن دۇنيادىن مال كىرگۈزىدۇ (ۋەھىيلەر 18:17،19)، بابىلۇنىنىڭ چوڭچىلىق پىسخىكىسىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ (ۋەھىيلەر 17:5)، ئىنتايىن تەكەببۇر بولۇپ، بالايى-ئاپەت كەلمەيدۇ دەپ ئويلايدۇ (ۋەھىيلەر 18:7)، ئۆزىگە شان-شەرەپ كەلتۈرىدۇ، ھەشەمەتچىلىككە بېرىلىدۇ (ۋەھىيلەر 18:7)، ئەسلىدە خېلى ئەخلاقلىق بولسىمۇ، ئەمما كېيىن روھى جەھەتتىن بۇلغۇنۇپ كېتىدۇ (ۋەھىيلەر 18:2)، گۇناھى چەكتىن ئاشىدۇ (ۋەھىيلەر 18:5).

○ ئۇ ئاخىرىدا مەخلۇقنىڭ دۆلىتى تەرىپىدىن ئوتتا گۇمران قىلىنىدۇ. ئۇ قاتتىق جازالىنىدۇ (ۋەھىيلەر 17:1)، خۇدانىڭ ھەسسىلەپ جازالىشىغا ئۇچرايدۇ (ۋەھىيلەر 18:6)، ئۇ ھوقۇقنىڭ يوقىرى پەللىسىدە تۇرغاندا، مەخلۇق توساتتىن ئوت بىلەن ئۇنى ۋەيران قىلىۋېتىدۇ. (ۋەھىيلەر 17:16،17 ، 18:8)، ۋەيرانچىلىق شۇنچىلىك ئېغىر بولىدۇكى، نورمال ياشاشقىمۇ ئىمكانىيەت قالمايدۇ (ۋەھىيلەر 18:21،23)، ئۇنىڭ مەخلۇق تەرىپىدىن ۋەيران قىلىنىشى خۇدانىڭ

ئىرادىسىدۇر (ۋەھىلەر 17:16،17)، ئۇنىڭ ۋەيران بولىشى پۈتۈن دۇنيانىڭ ئىقتىسادىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋېتىدۇ (ۋەھىلەر 18:11 ـ 16)، خۇدا ئۇنى سوراق قىلىشتىن بۇرۇن، ئۆز خەلقىنى ئۇ يەردىن چىقىپ كېتىشكە بۇيرۇيدۇ (ۋەھىلەر 18:4).

• مەخلۇقنىڭ دەۋرى (ۋەھىلەر 14:9 ـ 13)

○ مەخلۇقنىڭ دۆلىتى ھوقۇق سورايدۇ (دانىئال 7)، چوڭ بالايى-ئاپەت بولىدۇ (مەتتا 24:9 ـ 28)، نۇرغۇن ئادەملەر مەخلۇق تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلىدۇ (ۋەھىلەر 6:9 ـ 11)، مەخلۇق دېڭىزدىن چىقىدۇ (دانىئا 7:3 ، ۋەھىلەر 13:1)، ئۇنىڭ ئون مۈڭگۈزى بولۇپ، ئون دۆلەتكە ۋەكىللىك قىلىدۇ (دانىئال 7:7 ، ۋەھىلەر 13:1)، مەخلۇق تېخى دۆلەتكە ئېرىشمىگەن بولىدۇ (ۋەھىلەر 17:12)، چوڭ پاھىشە ئايالنى ھالاك قىلىدۇ (ۋەھىلەر 17:16)، ئاندىن دۆلەتكە ئېرىشىدۇ، ئىنتايىن قورقۇنۇچلۇق بولىدۇ (دانىئال 7:7 ، ۋەھىلەر 13:4). ئۇ دۇنيانى ئۈچ يېرىم يىل سورايدۇ (دانىئال 7:23،25 ، ۋەھىلەر 13:5،7)، دىنى خاراكتېرلىق دۆلەت بولىدۇ (دانىئال 13:4)، ھاكاۋۇرلۇق ۋە كۇپۇرلۇققا تولغان سۆزلەرنى قىلىدۇ (دانىئا 7:8،25 ، ۋەھىلەر 13:1،5،6)، ۋەيران قىلىش كۈچى ئىنتايىن كۈچلۈك بولىدۇ، كۆرگەنلەرنى ۋەھىمە باسىدۇ (دانىئا 7:7،15،19،23،28 ، ۋەھىلەر 13:4،7 ، 17:16،17 ، 18:9،10 ، 18:15 ـ 19)، ئادەملەر قورقىنىدىن روھى چىقىپ كېتىدۇ (لۇقا 21:26). ئون دۆلەتنىڭ ئىچىدە ئىچكى ئۇرۇش پارتلايدۇ. ئەڭ يوقىرى ھۆكۈمران ئۈچ دۆلەتنى يوقىتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن يەتتە دۆلەت قالىدۇ (دانىئال 7:8،24). مەخلۇق كالىندار ۋە قانۇننى ئۆزگەرتىدۇ (دانىئال 7:25)، ئوغۇلنى تۇققان ئايالغا ئۆچمەنلىك قىلىدۇ (ۋەھىلەر 12)، مەسىھلەرنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، ئۇلارغا زۇلۇم سالىدۇ (دانىئال 7:25 ، ۋەھىلەر 13:5 ـ 7)، ئۆزىگە چوقۇنمىغانلارنى، بولۇپمۇ مەسىھيلەرنى ئۆلتۈرىدۇ (ۋەھىلەر 13:10 ، 20:4).

• خۇدانىڭ ئىرادىسى بىلەن، يەھۇدىلار سوراققا تارتىلىدۇ، زىيانكەشلىككە ئۇچرايدۇ، جاپا-مۇشەققەت تارتىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى رەزىل ئادەملەر يوقىتىلىدۇ (يەشايا 1:21 ـ 26 ، 3:13 ـ 26 ، 4:1 ـ 6 ، 30:8 ـ 26 ، 60:13 ـ 22 ؛ يەرەمىيا 30:4 ـ 11 ؛ ئەزەكىئال 36:17 ـ 28 ؛ ئامۇس 9:1 ـ 15 ؛ ۋەھىلەر 11:2). ئىسرائىللارنىڭ قېپقالغان خەلقى (ۋەھىلەر 12:6)، ياردەمگە ئېرىشىپ، ئەجدىرھادىن قېچىپ قۇتۇلىدۇ (ۋەھىلەر 12:13،14)، مەسىھ ئېتىقاتچىلىرى ئۇلارغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن، ئەجدىرھا بىلەن جەڭ قىلىدۇ (ۋەھىلەر 12:17)، ئۇلار زىيان-زەخمەتكە ئۇچراشقا رازى بولىدۇ، بۇ ئىش قالدۇق ئىسرائىللارنى تەسىرلەندۈرىدۇ، ئۇلار گۇناھىغا تۆۋە قىلىپ، ئەيسا مەسىھنىڭ نامىنى چاقىرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئەيسا مەسىھ قايتىپ كېلىدۇ.

● غەلبە قىلغان ئېتىقاتچىلار ئاسمانغا كۆتىرىلىدۇ. (ۋەھىلەر 16ـ14:14)، ئەيسا مەسىھ بۇلۇتلار ئىچىدە شان ـ شەرەپ بىلەن قايتىپ كىلىدۇ (مەتتا 24:30 ، ۋەھىلەر 14:14)، ئۇ ۋە ئۇنىڭ پەرىشتىلىرى مەسىھ ئېتىقاتچىلىرىنى يىغىپ ئاسمانغا كۆتىرىدۇ. (مەتتا 24:31 ، ۋەھىلەر 14:15،16). ئاسمانغا كۆتىرىلگەن مەسىھ ئېتىقاتچىلىرى خۇدانىڭ تەختىنىڭ ئالدىدا ئۇنى مەدھىيىلەيدۇ (ۋەھىلەر 17ـ7:1).

● خۇدانىڭ غەزىپى چۈشىدىغان كۈنى (ۋەھىلەر 20ـ14:17)، خۇدانىڭ غەزىپى رەزىل ئادەملەرنىڭ ئۈستىگە چۈشىدۇ (يەشايا 22ـ13:6 ، زەفانىئاھ 4:2ـ1:14 ، ۋەھىلەر 17ـ6:12 ، 1:15ـ14:17 )، مەخلۇق ۋە ساختا پەيغەمبەرنىڭ ھوقۇقى تارتىۋىلىنىپ، قولغا ئېلىنىدۇ (دانىئال 27ـ7:25 ، ۋەھىلەر 19:20). ئۇلار دوزاقنىڭ ئوتىغا تاشلىنىدۇ (دانىئال 7:11 ، ۋەھىلەر 19:20).

● قۇتلۇق مىڭ يىل بولىدۇ (ۋەھىلەر 6ـ20:1)، ئىسرائىلىيە دۆلىتى قايتا گۈللىنىدۇ (يەشايا 5ـ2:1).

● شەيتان ئەڭ ئاخىرقى ئۇرۇشنى قوزغايدۇ، ئەيسا مەسىھ ئۇنىڭ بىلەن جەڭ قىلىپ، غەلبە قىلىدۇ. (ۋەھىلەر 9ـ20:7)

● خۇدا ئاق تەختنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ئاخىرقى سوراقنى قىلىدۇ. (ۋەھىلەر 15ـ20:11)

● يېڭى ئاسمان ـ زېمىن باشلىنىدۇ (ۋەھىلەر 21،22)

قىيامەت كىلىشتىن بۇرۇنقى چوڭ بالايى ـ ئاپەتتە مەيدانغا چىقىدىغان مەسىھ رەقىبى ئىسلامىزىمچىلار بولىشى مۇمكىن. سەۋەبىنى تۆۋەندىكى تەھلىلدىن كۆرۈڭ:

| مۇقەددەس كىتاپتىكى بىشارەتلەر | ئىسلام دىنىدا |
| --- | --- |
| دانىئال 6ـ7:1، ۋەھىلەر 13:2 دا:<br>● تىلغا ئېلىنغان ئۈچ مەخلۇق بابىلۇن، پىرسىيە ۋە گىرىتسىيەدۇر. تۆتىنچى مەخلۇقمۇ ئوتتورا شەرقتىكى مەلۇم بىر دۆلەتكە قارىتىلغان.<br>● تۆتىنچى مەخلۇق بۇرۇنقى بىر دۆلەتنىڭ قايتا باش كۆتىرىپ چىقىشى بولۇپ (ۋەھىلەر 17:8)، | ● يۇھانانىنىڭ دەۋرىگىچە، ئوتتورا شەرقتە بەش ئىمپىرىيە قۇرۇلۇپ يوقاپ بولغان بولۇپ، ئۇلار مىلادىدىن بۇرۇنقى 1600 ـ يىللىرى بارلىققا كەلگەن كونا بابىلۇن، مىلادىدىن بۇرۇنقى 750 ـ يىللىرىدىكى ئاسسۇرىيە، مىلادىدىن بۇرۇنقى 600 ـ يىللىرىدىكى يېڭى بابىلۇن، مىلادىدىن بۇرۇنقى 540 ـ يىللىرىدىكى پىرسىيە، مىلادىدىن بۇرۇنقى 330 ـ يىللىرىدىكى گىرىتسىيەلەردۇر.<br>● يەنە بىر دۆلەت يۇھانانىنىڭ ۋاقتىدىمۇ تېخى مەۋجۇد بولۇپ، ئۇ مىلادىدىن بۇرۇنقى |

| | |
|---|---|
| ئۇنىڭ ئەڭ يوقىرى ھۆكۈمرانى مەسىھ رەقىبىدۇر (دانىئال 7:8،24) .<br>● ۋەھىلەر 17:10،11 دا كۆرستىلگەن سەككىز مەخلۇق بولسا سەككىز چوڭ دۆلەتنىڭ سىموۋۇلىدۇر. | 100-يىللىرى بارلىققا كەلگەن رىم ئىمپىرىيىسىدۇر.<br>● يەنە بىر دۆلەت تېخى بارلىققا كەلمىگەن. ئۇ بولسىمۇ مىلادى 7-ئەسىردە پەيدا بولغان ئىسلام ئىمپىرىيىسىدۇر.<br>● سەككىزىنچى دۆلەت، يەنى قىيامەت كىلىشتىن بۇرۇنقى چوڭ بالايى-ئاپەتتە مەيدانغا چىقىدىغان مەسىھ رەقىبىنىڭ دۆلتى، يوقۇرقى يەتتىنچى دۆلەتنىڭ ئىچىدىن بارلىققا كىلىدۇ. |
| كالىندار ۋە قانۇننى ئۆزگەرتىدۇ. (دانىئال 7:15) | ئىسلام كالىندارى (ھىجرىيە) دە:<br>● يېڭى ئاي چىققان كۈنى شۇ ئاينىڭ بىرىنچى كۈنى قېلىپ بىكىتىلىدۇ. (قۇرئان 10:5)<br>● بىر يىلغا مەلۇم كۈن ياكى ئاينى قوشۇش ئارقىلىق، ئاي كالىندارى بىلەن قوياش كالىندارى ئوتتورسىدىكى پەرقنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇشقا قارشى تۇرىدۇ.<br>● مىلادى 622-يىلى مۇھەممەتنىڭ مەككىدىن مەدىنىگە كۆچۈپ بارغان (ھىجرەت قىلغان) ۋاقتىنى ئىسلام كالىندارىنىڭ (ھىجرىيەنىڭ) باشلانغان يىلى قىلىپ بىكىتىدۇ. |
| ئۇ توساتتىن ئوت بىلەن بابىلۇننى (پاھىشە ئايالنى) پۈتۈنلەي ۋەيران قىلىۋىتىدۇ. (ۋەھىلەر 17:16،17 ، 18:8) | ● ھازىر نۇرغۇن ئىسلام ئەسەبىلىرى ئامرىكىنى ئەخلاقى بۇزۇلغان، شەيتان دەپ قارايدۇ.<br>● ئىسلام ئەسەبىلىرى شىھىت بولۇشتىن قورقمايدۇ، كۈچىنى ئۆزلۈكسىز زورايتىدۇ، ئامرىكىغا جىھات ئۇرۇشى قوزغاپ، ئۇنى پۈتۈنلەي گۇمران قىلىۋەتمەكچى بولىدۇ. بارلىق ئامرىكىلىقلارنى مەيلى ئەسكەر ياكى پۇقرا بولسۇن، ئەر ياكى ئايال بولسۇن، قېرىلار ۋە باللاردىن تارتىپ پۈتۈنلەي ئۆلتۈرۋەتمەكچى بولىدۇ.<br>● ئۇلار ئاتوم بومبىسىنىڭ تېخنىكىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىۋاتىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئۆزلىرى شەيتان دەپ قارىغان دۆلەتنى يوقاتماقچى بولىۋاتىدۇ. |

| | |
|---|---|
| ● ئوغۇل توققان ئايالغا ئۆچمەنلىك قىلىدۇ. (ۋەھىلەر 12)<br>● «ئوغۇل تۇققان ئايال» ئىسرائىللارنى كۆرسىتىشى مۇمكىن. چۈنكى ئەيسا مەسىھ ئىسرائىللاردىن تۇغۇلغان. | ● ئىسلام دىنىنىڭ نۇرغۇن تەلىملىرى يەھۇدىيلارغا ئۆچمەنلىك قىلىشنى تەرغىپ قىلىدۇ.<br>● ئەمەلىيەتتىمۇ دۇنيادا يەھۇدىيلارغا ئەڭ ئۆچمەنلىك قىلىدىغانلار مۇسۇلمانلاردۇر. |
| ● دۇنيانى بىر مەزگىل بويسۇندۇرۇپ ئىدارە قىلىدۇ. (دانىيال 7:23،25 ، ۋەھىلەر 13:5ـ7) | ● ئىسلام ئەسلىيەتچىلىكىدە، پۈتۈن دۇنيانى ئىسلام دىنى باشقۇرۇشى كېرەك، ھەممە ئادەم ئىسلام دىنىغا بويسۇنۇپ، ئىسلام شەرىئىتىنى قوبۇل قىلىشى كېرەك. زامان ئاخىرىدا مۇسۇلمانلار دۇنيانى بويسۇندۇرىدۇ، دەپ قارايدۇ. |
| ● ئۇ ئەيسا مەسىھكە گۇۋاھلىق بېرىپ، خۇدانىڭ يولىدا چىڭ تۇرغان، مەخلۇققا ئىبادەت قىلمىغان، پېشانىسىدە ۋە قولىدا مەخلۇقنىڭ بەلگىسى بولمىغان مەسىھ ئېتىقاتچىلىرىنىڭ كاللىسى ئالىدۇ. (ۋەھىلەر 20:4)<br>● مەسىھ ئېتىقاتچىلىرىنى ئۆلتۈرگەنلەر ئۆزلىرىنى خۇدا ئۈچۈن ئىش قىلىۋاتىمىز دەپ ئويلايدۇ. (يۇھاننا 16:2) | ● قۇرئاندا، ئىسلامغا ئىشەنمىگەنلەرنىڭ دىلىغا ۋەھىمە سېلىڭلار، ئۇلارنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ، بارماقلىرىنى ئۇزۇۋېتىڭلار، دەپ تەلىم بېرىدۇ. (قۇرئان 8:12)<br>● مۇسۇلمانلار ئىسلامغا قارشى تۇرغان كاپىرلار جۈملىدىن يەھۇدىي ۋە خىرىستىيانلارغا جىھاد ئۇرۇشى قوزغاش مەجبۇرىيىتىمىز بار دەپ قارايدۇ. (قۇرئان 3:139ـ142 ، 169ـ172 ، 4:74،95 ، 9:20ـ22, 111 ، 61:4, 11ـ13) |

تۆۋەندىكى يەنە بىر خىل تەھلىلمۇ، قىيامەت كېلىشتىن بۇرۇنقى چوڭ بالايى ـ ئاپەتتە ئوتتورغا چىقىدىغان مەسىھ رەقىبىنىڭ ئىسلامىزىمچىلار بولىشى مۇمكىنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

| مۇقەددەس كىتاپتا | ئىسلام دىنىدا |
|---|---|
| مەسىھ رەقىبى قىيامەت كېلىشىنىڭ ئالدىدا مەيدانغا چىقىدىغان كۈچلۈك سىياسى، ھەربى ۋە دىنى داھىدۇر. | مۇسۇلمانلار ساقلاۋاتقان مەھدى بولسا قىيامەت كېلىشىنىڭ ئالدىدا دۇنياغا كېلىدىغان كۈچلۈك سىياسى، ھەربى ۋە دىنى داھىدۇر. |

| | |
|---|---|
| قىيامەتتە كىلىدىغان ساختا پەيغەمبەر ئىككىنچى نومۇرلۇق شەخس بولۇپ، مەسىھ رەقىبىنىڭ ياردەمچىسىدۇر. | قىيامەتتە كىلىدىغان ئىسلامچە «ئەيسا پەيغەمبەر» ئىككىنچى نومۇرلۇق شەخس بولۇپ، مەھدىنىڭ ياردەمچىسىدۇر. |
| مەسىھ رەقىبى بىلەن ساختا پەيغەمبەر بىرلىشىپ زور قوشۇن تەشكىللەيدۇ. ئۇلار پۈتۈن ئىنسانلارنى بويسۇندۇرۇپ دۇنياغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئۈچۈن، يەر يۈزىدە نۇرغۇن بۇزغۇنچىلىق پەيدا قىلىدۇ. | مەھدى بىلەن ئىسلامچە «ئەيسا» زور قوشۇن تەشكىللەپ، پۈتۈن دۇنيانى بويسۇندۇرماقچى بولىدۇ. |
| ساختا پەيغەمبەر قوي تېرىسىغا ئورىنىۋالغان بۆرىدۇر. | ئىسلامچە «ئەيسا» گەرچە ئىنجىلدىكى ئەيسا مەسىھنىڭ نامى بىلەن دۇنياغا كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئىسلامغا بويسۇنمىغان ئادەملەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. |
| مەسىھ رەقىبى بىلەن ساختا پەيغەمبەر يېڭى دۇنيا تەرتىپىنى بىكىتىدۇ. | مەھدى بىلەن ئىسلامچە «ئەيسا» يېڭى دۇنيا تەرتىپىنى بىكىتىدۇ. |
| مەسىھ رەقىبى بىلەن ساختا پەيغەمبەر پۈتۈن دۇنياغا ئۆزلىرىنىڭ دىنى قانۇنىنى بەلگىلەپ بېرىدۇ. | مەھدى بىلەن ئىسلامچە «ئەيسا» پۈتۈن دۇنياغا ئىسلام شەرىئىتىنى بىكىتىپ بېرىدۇ. |
| مەسىھ رەقىبى بۇرۇن ئىشلىتىۋاتقان كالىندارنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ. | مەھدى پۈتۈن دۇنيانى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، دۇنيادا كەڭ ئىشلىتىلىۋاتقان مىلادىيە كالىندارىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئىسلامنىڭ ھىجرىيە كالىندارىنى ئومۇملاشتۇرىدۇ. شەنبە-يەكشەنبە كۈنى دەم ئېلىش تۈزۈمىنى جۈمە كۈنىگە ئۆزگەرتىدۇ. |
| مەسىھ رەقىبى بىلەن ساختا پەيغەمبەر ھەر ئىككىلىسى كۈچلۈك دىنى داھىلار بولۇپ، دۇنياۋى بىر دىنىنى تىكلەشكە ئۇرۇنىدۇ. | مەھدى ۋە ئىسلامچە «ئەيسا» ئىسلام دىنىنى دۇنيادىكى بىردىنبىر دىن قىلىپ تىكلەيدۇ. |

| | |
|---|---|
| مەسىھ رەقىبى ۋە ساختا پەيغەمبەر ئۆزلىرى تىكلىگەن دۇنياۋى دىنغا بويسۇنمىغان ھەرقانداق ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. | مەھدى ۋە ئىسلامچە «ئەيسا» ئىسلام دىنىغا بويسۇنمىغان ھەرقانداق ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. |
| مەسىھ رەقىبى ۋە ساختا پەيغەمبەرنىڭ دۇنياۋى دىنغا قارشى تۇرغانلارنى ئۆلتۈرۈشتىكى ئاساسلىق ئۇسۇلى كاللا كېسىشتۇر. | مەھدى ۋە ئىسلامچە «ئەيسا»نىڭ ئىسلامغا قارشى تۇرغانلارنى ئۆلتۈرۈشتىكى ئاساسلىق ئۇسۇلى كاللا كېسىش بولۇپ، بۇ ئىسلام ئەنئەنىسىدىن كەلگەن. |
| مەسىھ رەقىبى ۋە ساختا پەيغەمبەر پۈتۈن يەھۇدىيلارنى ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بولىدۇ. | مەھدى ۋە ئىسلامچە «ئەيسا» پۈتۈن يەھۇدىيلارنى ئۆلتۈرمەكچى بولىدۇ، يەھۇدىيلا تاش ۋە دەرەخلەرنىڭ كەينىگە مۆكۈنىۋالىدۇ. |
| مەسىھ رەقىبى ۋە ساختا پەيغەمبەر يېرۇسالېمغا ھوجۇم قىلىپ، ئۇنى ئىگەللىۋالماقچى بولىدۇ. | مەھدى ۋە ئىسلامچە «ئەيسا» يېرۇسالېمغا ھوجۇم قىلىپ، ئۇنى ئىسلامنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا كىرگۈزمەكچى بولىدۇ. |
| مەسىھ رەقىبى يېرۇسالېمدىكى يەھۇدىيلارنىڭ مۇقەددەس ئىبادەتخانىسىدا ئۆزىنىڭ سەلتەنەت ئورنىنى تىكلەيدۇ. | مەھدى يېرۇسالېم شەھرىدە ئىسلام خەلىپىلىكىنى قايتا تىكلەيدۇ. |
| ساختا پەيغەمبەر ھەرخىل مۆجىزىلەرنى كۆرسىتىش ئارقىلىق، ئادەملەرنى ئالداپ، ئۇلارنى مەسىھ رەقىبىنى قوللاشقا ئىبزىقتۇرىدۇ. | ئىسلامچە «ئەيسا» كەلگەندىن كېيىن ھەرخىل مۆجىزىلەرنى كۆرسىتىدۇ. مەھدىمۇ ھاۋارايى ۋە ئاشلىقنى تىزگىنلەيدۇ. ئۇنىڭ چىرايىدىن نۇر ياغىدۇ. |
| مەسىھ رەقىبى ئاق ئاتقا مىنىپ كېلىدۇ. (ئىنجىل ۋەھىيلەردە شۇنداق دېيىلگەن) | مەھدى ئاق ئاتقا مىنىپ كېلىدۇ. |
| مەسىھ رەقىبى ئىسرائىللار بىلەن 7 يىللىق تىنچلىق كېلىشىمى تۈزەيدۇ. | مەھدى بىر يەھۇدىي بىلەن 7 يىللىق تىنچلىق كېلىشىمى تۈزەيدۇ. |

| | |
|---|---|
| يەھۇدىيلارنىڭ قۇتقۇزغۇچىسى يەنى ئەيسا مەسىھ قايتىپ كېلىپ، ئىسرائىلىيەدىكى يەھۇدىيلارنى قوغدايدۇ. مەسىھ رەقىبى ۋە ساختا پەيغەمبەر باشچىلىقىدىكى كۆپ دۆلەت بىرلەشمە ئارمىيىسىنىڭ ھوجۇمىنى توسايدۇ. | ئىسلامچە «ئەيسا»غا قارشى چىققۇچى دەججال پەيدا بولىدۇ. ئۇ نۇرغۇن يەھۇدىيلارنى تەشكىللەپ كۈچلۈك قوشۇن قۇرىدۇ. ئۆزىنى ئەيسا مەسىھ دەپ ئاتاپ مەھدى ۋە ئىسلامچە «ئەيسا» غا قارشى تۇرىدۇ. |
| ئەيسا مەسىھكە قارشى بولغان قارا روھ مەسىھ ئېتىقاتىنىڭ يادرولۇق تەلىمىنى ئىنكار قىلىدۇ. مەسىلەن، ئۈچ بىرلىك، خۇدانىڭ سۆزىنىڭ تەنگە ئايلىنىشى، ئەيسا مەسىھنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ گۇناھىنى يۇيۇش ئۈچۈن ئۆلۈپ، ئۈچىنچى كۈنى تىرىلگەنلىكى قاتارلىقلار. | ئىسلام دىنى تەلىم بېرىش ۋە روھىيەت جەھەتتە مەسىھ ئېتىقاتىنىڭ يادرولۇق تەلىملىرىگە قاتتىق قارشىلىق كۆرسىتىدۇ. ئۈچ بىرلىك، خۇدانىڭ سۆزىنىڭ تەنگە ئايلىنىشى، ئەيسا مەسىھنىڭ كىرستتىكى قۇربانلىقى قاتارلىقلارنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىدۇ. |
| ئەيسا مەسىھ ۋە ئەلچى پاۋلۇس زامان ئاخىرىدا نۇرغۇن ساختىپەزلىك ۋە يالغانچىلىقلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ، مەسىھلەرنى ئېزىقتۇرىدىغانلىقىنى، ئۇلاردىن ھەزەر ئەيلەش كېرەكلىكىنى ئالدىن ئاگاھلاندۇرىدۇ. | ئىسلام دىنى يەر يۈزىدىكى بىردىنبىر ساختىپەزلىك ۋە يالغانچىلىققا تايىنىپ كۆتىرىلگەن دۇنياۋى دىن بولۇپ، ئىسلامىيەتتە ئاخىرقى مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ساختىپەزلىك ۋە يالغانچىلىق ۋاستىسىدىن پايدىلانسا بولىدۇ دەيدىغان تەلىم بار. |
| ئىنجىلدا كۆرسىتىلگەن ئەڭ ئاخىرقى مەسىھكە قارشى ئىمپېرىيىنى تەشكىل قىلىدىغان دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى دەل ھازىرقى ئىسلام ئەللىرىدۇر. | بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ مەھدىگە سادىق بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. ئۇ ئىسلامنىڭ ئاخىرقى خەلىپىسى ۋە ئەڭ چوڭ ئىمامى دەپ قارىلىدۇ. |
| ئىنجىلدا كۆرسىتىلىشىچە، رىم ئىمپېرىيىسىدىن كېيىن يەنە بىر چوڭ ئىمپېرىيە بارلىققا كېلىپ يوقايدۇ. ئەڭ ئاخىرقى مەسىھكە قارشى ئىمپېرىيە ئەنە شۇ ئىمپېرىيىنىڭ ئىچىدىن قايتىدىن گۈللەنگەن بىر ئىمپېرىيىدۇر. | رىم (ۋىزانتىل) ئىمپېرىيىسىدىن كېيىن، باش كۆتۈرگەن ئىمپېرىيە ئىسلام ئىمپېرىيىسىدۇر. |
| مەسىھ رەقىبى مەيدانغا چىققاندا، يەر يۈزىدە ئۇنى كۈتىۋالىدىغان ۋە ئۇنىڭغا سادىق بولىدىغان قورۇلما ئاللىقاچان شەكىللىنىپ بولغان بولىدۇ. | ئىسلام نۆۋەتتە دۇنيادىكى ئىككىنچى چوڭ دىن بولۇپ، ئەگەر ئۇنىڭ نوپۇسى مۇشۇنداق شىددەت بىلەن كۆپىيىۋەرسە، كەلگۈسىدە دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ دىن |

| | |
|---|---|
| | بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. ئىسلامىيەت مەھدىنىڭ كىلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتمەكتە. |

• ئۇندىن باشقا، خۇدا ئالدىن بىشارەت قىلىپ مۇنداق دىگەن: ئىسمائىلنىڭ قولى ھەممە ئادەمگە ھوجۇم قىلىدۇ، ھەممە ئادەمنىڭ قولىمۇ ئىسمائىلغا ھوجۇم قىلىدۇ (تەۋرات-ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 16:11،12)؛ ۋاھالەنكى مۇسۇلمانلار ئىسمائىلنى ئۆزلىرىنىڭ روھى ئەجدادى دەپ قارايدۇ.

## مەسىھىلەردە بولۇشقا تىگىشلىك تەييارلىق

• پۈتۈن قەلبى بىلەن خۇداغا تايىنىش كىرەك. (پەند-نەسىھەت 3:5)

• بابىلۇندىن (گۇناھقا پاتقان شەھەر ياكى دۆلەتتىن) چىقىۋىلىش (ۋەھىلەر 18:4)، چىقىپ كىتىش كىرەك (ئىبرانىلار 11:8)

• مەسىھ ئېتىقاتچىلىرى بىرگە يىغىلىپ دۇئا قىلىشى، روھىيەت جەھەتتە ئۆسۈپ يىتىلىشى، ئۆزىنىڭ كىرستىنى يۈدىشى، نۆۋىتى كەلگەندە ھەتتا مەسىھ ئېتىقاتى، قالدۇق ئىسرائىللار ۋە ئۆزىنىڭ قېرىنداشلىرى ئۈچۈن ھاياتىنى قۇربان قىلىشى كىرەك (يۇھاننا 15:20 ، 16:1،2 ، ماركوس 8:35 ، ۋەھىلەر 12:10). ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن خۇداغا بولغان مۇھەببىتىدىن ئايرىلىپ قېلىشقا بولمايدۇ.

• كىرىست - قۇدرەتنىڭ مەنبەئى، خۇش خەۋەرنىڭ مەركىزىدۇر. ئەمما ئۇ ھالاكەتكە يۈزلەنگەنلەرنىڭ نەزىرىدە ئەخمەقانىلىقتۇر. (كورىنتلىقلارI 1:18-2:5)

• ئەيسا مەسىھنىڭ بىزنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئاققۇزغان قۇربانلىق قېنىنى دەپسەندە قىلماسلىقىمىز، بىزنى يىتەكلەۋاتقان خۇدانىڭ مۇقەددەس روھىغا يۈز كىلەلىشىمىز كىرەك. (ئىبرانىلار 10:29)

• ھاياتىمىزنى يېڭىلىشىمىز، خۇدانىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنۇپ، مېھرى-مۇھەببەتلىك ياشىشىمىز كىرەك. (يۇھاننا 8:3-14، كورىنتلىقلارII 5:14،15)

• ھەر كۈنى ئۆزىنىڭ كىرستىنى يۈدۈپ ئەيسا مەسىھكە ئەگەشكەنلەرلا ئۇنىڭ ھەقىقى شاگىرتلىرى بولالايدۇ. (لۇقا 9:23-25)

• ئۆلۈم ئالدىدىمۇ ئۆز جېنىنى ئايىماسلىق، خۇدانىڭ ئەمىرلىرىگە بويسۇنۇپ، ئەيسا مەسىھكە سادىق بولۇش كىرەك. (ۋەھىلەر 12:11 ، 14:12)

• خۇدانى سۆيۈش ئەيسا مەسىھنىڭ بۇيرۇقىدۇر. (يۇھاننا 13:33)

• خۇدا باشتا بىزنى سۆيگەچكە، ئاندىن بىز ئۇنى سۆيەلىدۇق. (يۇھانناI 4:19)

● ھەم خۇدانى ھەم دۇنيانى دوست تۇتىمىز دەپ ئىككى قېيىققا تەڭ دەسسىمەسلىك كىرەك (ياقۇپ 4:8)، مال-دۇنيانىڭ قۇلى بولماسلىق كىرەك (مەتتا 6:19ـ24)، دۇنيا ۋە ئۇنىڭدىكى ئىشلارغا بېرىلىپ كەتمەسلىك كىرەك (يۇھاننا I 2:15ـ17)

● خۇدانىڭ ئەمرلىرىگە بويسۇنۇش كىرەك (مەتتا 5:17ـ20، يۇھاننا 15:9، 10 ، يۇھاننا I 2:3ـ6، 5:2، 3)، زامان ئاخىرىدا خۇدانىڭ ئەمرلىرىگە بويسۇنغان ئادەملەر غەلىبە قىلالايدۇ (ۋەھىلەر 12:17 ، 14:11ـ13)

● ئېتىقاتچى قېرىنداشلىرىنى سۆيۈش (يۇھاننا 13:34، 35)، يۇھاننا I 4:14ـ23)، جەمىيەتنىڭ تۆۋەن قاتلىمىدىكى ئاجىز ئادەملەرنى سۆيۈش (مەتتا 25:31ـ46، لۇقا 14:12ـ14)، تېخى قۇتقۇزۇلمىغان ئادەملەرنى سۆيۈش (مەتتا 28:17ـ20)، ھەتتا دۈشمەنلىرىنىمۇ سۆيۈش كىرەك (مەتتا 5:43ـ48).